گۈزەل يۇرت ـ ماكانىمىزنى ياخشى قوغدايلى

# مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى گۈللىرىنى مەڭگۈ پورەكلىتىپ ئېچىلدۇرىمەن

□ قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسى كادىرلار بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى سۇ يۇمېي

مەن ئۈچ ياش ۋاقتىمدا ئاتا ـ ئانام بىلەن بىللە ئاتۇش شەھىرىگە كېلىپ، ئىزچىل ئاتۇشتا تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلدىم، ئۆسۈپ يېتىلدىم، مەكتەپتە ئوقۇدۇم، خىزمەت قىلدىم. ئاتا ـ ئانامنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، 1973 ـ يىلى ئائىلەمدىكىلەر ئەمدىلا ئاتۇشقا كەلگەن چاغدا، ئازاق ئورمانچىلىق مەيدانىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىكەن. شىنجاڭغا يېڭى كەلگەندە، يېڭى يەرنىڭ ئەھۋالى بىلەن تونۇشلۇقى بولمىغاچقا، بۇنىڭدىن ئۇلار يولۇققان قىيىنچىلىقلارنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولاتتى. تۇرمۇش بويۇملىرى بولمىغاچقا، ئۇيغۇر تاغا، ھاممىلارنىڭ بەزىلىرى يۇڭ ئەدىيال بىلەن تەمىنلەپ، بەزىلىرى يوتقان ۋە تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى بىلەن تەمىنلەپ، ئاتا ـ ئانامنى ناھايىتى تېزلا ئورمانچىلىق مەيدانىدا تۇرۇپ قېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان ئىكەن. بىر يىلدىن كېيىن، ئاتا ـ ئانام مېنى شىنجاڭغا ئەكىلىۋالدى. كىچىك ۋاقتىمدا مەن ئورمانچىلىق مەيدانىدىكى ئۇيغۇر كىچىك دوستلار بىلەن بىللە ئويناپ، بىللە ئوقۇدۇم، مۇناسىۋىتىمىز ئىنتايىن ياخشى ئىدى. ئورمانچىلىق مەيدانىدىكى ھەر مىللەت ئاممىمۇ بىللە ئىشلەپ، بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈپ، خىزمەتتە ئۆزئارا قوللاپ، تۇرمۇشتا ئۆزئارا ياردەم بېرىپ، ئارتۇقچىلىقلارنى قوبۇل قىلىپ، يېتەرسىزلىكلەرنى تولۇقلاپ، ئىناق بىللە ياشاپ، ئورتاق ئالغا باساتتى. ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھەممىسى بىرلىكتە تۇرمۇش كەچۈرۈپ، بىرلىكتە خىزمەت قىلىشتەك رىشتىنى ئىنتايىن قەدىرلەيتتى، بىر ـ بىرىنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىنى ھۆرمەت قىلاتتى، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى «خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدۇ، ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ ئۆزئارا بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ» دېگەن ئىدىيەنى پۇختا تۇرغۇزغانىدى.

مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا، ئوقۇتقۇچىمىز بىزگە دائىم قۇربان تاغىنىڭ «ئېشەككە مىنىپ بېيجىڭغا بارماقچى بولغانلىقى» توغرىسىدىكى ھېكايىنى سۆزلەپ بېرەتتى، بۇ، چېگرا رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ پارتىيەنى سۆيۈش، ۋەتەننى سۆيۈش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشتىكى بىر داستان ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، پامىر ئېگىزلىكىدىكى «ئاق خالاتلىق ئەۋلىيا» ۋۇ دېڭيۈن، چېگرا مۇداپىئە ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلىرى يېقىملىق قىلىپ «دۆڭگۈرمۇ ئانا» دەپ ئاتايدىغان بۇرماقان مولدۇ، چېگرا رايوندا يىلتىز تارتىپ نەچچە ئون يىل دوختۇرلۇق قىلغان جۇاڭ شىخۇا، خەنزۇ، خۇيزۇ، قازاق قاتارلىق مىللەتلەردىن بولغان يېتىم باللارنى بېقىۋالغان ھەم ئۇلارنى بېقىپ تەربىيەلەپ قاتارغا قوشقان چوڭ ئانا ھەنىپە ئالماخۇن، «ئالتۇندەك قەلب»ى بار، ھەر مىللەتتىن بولغان يۈز نەچچە ياشانغان كىشى ۋە ئۆيدە قالغان باللارغا ھەقسىز ياردەم بەرگەن، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغان ۋاڭ گۈيجېن، ئون نەچچە يىل ئايرىلماي، ۋاز كەچمەي ئۇيغۇر قېرىندىشىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا ياردەم بەرگەن يوۋ لياڭيك قاتارلىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى تىپلار شىنجاڭ تۇپرىقىدا ئۈزلۈكسىز مەيدانغا كەلدى، ئۇلارنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ھەر بىر مىللەتلەر ئىتتىپاقلىق ھېكايىسى تاغ ـ دەريالارنى تەسىرلەندۈردى، كىشىلەر قەلبىنى ئىللىتتى، كىشىلەرنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئۈندىدى، ھەر بىر شىنجاڭلىقنىڭ قەلبىدىكى مەنىۋى كوردىناتقا، شۇنداقلا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىر ـ بىرىگە چىڭ باغلانغان، بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك يېقىن ئۆتىدىغان مەدھىيە ناخشىلىرىغا ئايلاندى. ھەر بىر ھېكايە بىزگە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۆز قارىچۇقىمىزنى ئاسرىغاندەك ئاسرىشىمىز، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ھاياتىمىزنى قەدىرلىگەندەك قەدىرلىشىمىز كېرەكلىكى توغرىسىدا تەربىيە بەرمەكتە ۋە تۈرتكە بولماقتا. «گۈلخان قاتتىق سوغۇقنى ھەيدىيەلەيدۇ، ئىتتىپاقلىق قىيىنچىلىقنى قورقۇتۇپ قاچۇرۇۋېتەلەيدۇ». تارىخ ۋە رېئاللىق قايتا ـ قايتا ئىسپاتلىدىكى، بىزنىڭ مۇشۇنداق بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىتتىپاقلىق ـــ كۈچ، ئىتتىپاقلىق ـــ غەلىبە.

قوشماقلىشىپ تۇغقانلىشىش ۋە «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇش خىزمىتىگە قاتنىشىش ئارقىلىق، مەن ھەر مىللەت ئاممىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە بولغان ئارزۇسى ۋە ئىشەنچىسىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» پائالىيىتىدە مەن ئۈچ ئائىلە بىلەن تۇغقان بولدۇم، بىز ئۆزئارا دائىم بېرىش ـ كېلىش قىلىپ تۇرىمىز، بىر ـ بىرىمىز بىلەن خۇددى ئاتا ـ ئانا بىلەن پەرزەنتلەردەك، ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللاردەك ئۆتىمىز. ھەر قېتىم ئۇلارنى يوقلاپ بارغاندا، مەن بەزى كۈندىلىك بۇيۇملارنى كۆڭۈل قويۇپ تاللاپ ئۇلارغا سوۋغاتلىققا ئېلىۋالىمەن. تۇغقانلىرىمنىڭ ئۆيىگە بارغاندىن كېيىن، تۇغقانلىرىم ئىنتايىن قىزغىنلىق بىلەن مەززىلىك تائام ـ قورۇملارنى ئېلىپ چىقىدۇ، ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرىنى چاقىرىپ كېلىدۇ، كۆپچىلىك بىر يەرگە جەم بولۇپ خۇشاللىققا چۆمىمىز. مەنمۇ تۇغقانلىرىمغا ياردەملىشىپ تاماق ئېتىشىپ بېرىمەن، ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىنى قىلىشىپ بېرىمەن، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش جەھەتتىكى مەسىلىرىنى ھەل قىلىشىغا كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ياردەم بېرىمەن، ئۇلار بىلەن بىللە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش يوللىرى ئۈستىدە ئورتاق ئىزدىنىمەن. مېنىڭ تۇغقىنىم تەۋەككۇل شەمشىدىن تاغا قىزغىن، مېھماندوست بولۇپ، مېنى ئۆز قىزىدەك كۆرىدۇ؛ تۇغقىنىم مەمەتزۇنۇن تۇرسۇننىڭ قىزى ئالمىرە مەمەتزۇنۇن بېيجىڭدا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدۇ، مەن دائىم ئۇنىڭ بىلەن تېلېفوندا سۆزلىشىمەن، ئۇ قانداق قىيىنچىلىقى بولسا ماڭا ئېيتىدۇ، مەنمۇ ھەمىشە ئامال قىلىپ ئۇنىڭغا ھەل قىلىپ بېرىمەن. ۋاقىت ئۇزارغانسېرى بىز قىلىشمايدىغان گېپىمىز يوق ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قالدۇق؛ تۇغقىنىم ئابدۇغەنى مەمەت ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار ئىدى، مەن قولۇمدىن كېلىشىچە ئۇنىڭغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بەردىم، يەنە «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرى بىلەن بىللە ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ ئەمگەك قىلىشىپ بەردۇق. بۇلارنىڭ ھەممىسى تۇرمۇشتىكى ئۇششاق ـ كىچىك ئىشلار بولسىمۇ، لېكىن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى ئارىلىقنى يېقىنلاشتۇردى، ھازىر مەن بىلەن تۇغقانلىرىمنىڭ قىلىشمايدىغان گېپىمىز يوق. «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇش خىزمىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشى، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى بىلەن، بىز ھەر مىللەت ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللار چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتتۇق.

كېمىنىڭ كۈچى يەلكەندە، ئادەمنىڭ كۈچى قەلبتە. ئىشىنىمەنكى، پەقەت بىز سەممىي سىردىشىپ، بىر ـ بىرىمىزنىڭ ھالىغا يېتىپ، كۆڭۈل بىلەن كۆڭۈلنى ئۇتساقلا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلاردەك يېقىن ئۆتۈپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولالايمىز، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئورتاق قوغداپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى گۈللىرىنى دائىم ئۈزاققىچە پورەكلىتىپ ئېچىلدۇرساقلا، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى قۇدرەتلىك ئاكتىپ كۈچنى مۇجەسسەملىيەلەيمىز.







ۋاڭ بوۋبي:

# غەم ئەندىشىنى تۈگىتىشتە ئەمەلىي ئىش قىلىش

□ مۇخبىرىمىز دۇ جيەنخۇي

«ئۆزۈمنىڭ مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىچى شەخس بولۇپ باھالانغانلىقىمنى ئوقۇپ ئىنتايىن ھاياجانلاندىم. كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى يۇرتداشلارغا يەتكۈزۈپ، ھەرمىللەت كادىرلار، ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، قارابورە كەنتىنى تۇرمۇشى ياخشى، مۇھىتى ياخشى، ئىتتىپاقلىقى ياخشى، كەسپلىرى ياخشى يېڭى يېزا قىلىپ قۇرۇپ چىقىمەن» دېدى 10 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىچى شەخس، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئىدارىسىنىڭ يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ ساغانچىكە يېزىسى قارابورە كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 ـ شۇجى ۋاڭ بوۋبي.

قارابورە كەنتى ئىلگىرى ئاجىز، چېچىلاڭغۇ كەنت بولۇپ، كەنتنىڭ ئۇل ئەسلىھەلىرى بىر قەدەر ناچار، كەسىپ قۇرۇلمىسى يەككە، دېھقانلارنىڭ ئىدىيەسى مۇتەئەسسىپ ئىدى.

2017 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، ئەينى چاغدىكى بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئىقتىساد ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسلىق، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان ۋاڭ بوۋبي قارابورە كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقلىقى، 1 ـ شۇجىلىقىنى ئۈستىگە ئالغاندىن كېيىن، خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرىنى باشلاپ ئائىلىلەرگە كىرىپ زىيارەت قىلىپ، ئاممىنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئاڭلاپ، قىيىنچىلىقى، ئىلتىماس ـ تەلەپلىرىنى ئىگىلىدى. كىمنىڭ ئۆيىدە قانچە جان بار، قانچىلىك يەر تېرىدى، قانداق قىيىنچىلىق ۋە مەسىلە بار دېگەنلەرنى ئۇ بىر ـ بىرلەپ خاتىرىلىۋالدى، ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان ئۇنىڭ توپلىغان خىزمەت خاتىرىسىلا 30 نەچچە بولۇپ، دەستىلەپ قويغاندا ئېگىزلىكى بىر مېتىردىن ئاشاتتى.

ۋاڭ بوۋبي خىزمەت ئەترىتى ئەزالىرى، كەنت كادىرلىرىنى باشلاپ، پۈتۈن كەنتتىكى ئۆستەڭ، يول، سالا ئېتىز، تار كوچىلارنى تەكشۈرۈپ، «بىرىك پىلانىنى باشلامچى قىلىش، يولنى رامكا قىلىش، ئۆستەڭ سىستېمىسىنى ئاۋۋال يولغا قويۇش، ھويلا ـ ئارانى مۇھىم نۇقتا قىلىش، كۆكەرتىشنى بېزەك قىلىش، كىرىمنى ئاشۇرۇشنى نىشان قىلىش»تىن ئىبارەت تەرەققىيات پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

بۈگۈنكى كۈندە، قارابورە كەنتىدە 7.8 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ يېڭىدىن ياسالدى، 17 كىلومېتىر يول يېڭىدىن ياسىلىپ، تۆت ئاھالىلەر نۇقتىسى ئۆزگەرتىلىپ، 265 ئائىلىلىك گۈزەل ھويلا ـ ئاران بەرپا قىلىنىپ، 6500 مېتىر ئېلېكتىر تورى ئۆزگەرتىلىپ، 268 ئائىلىگە تەبىئىي گاز يەتكۈزۈلۈپ، كەنتنىڭ قىياپىتى پۈتۈنلەي يېڭى تۈسكە كىردى.

كەنت ئاھالىسى قادىر ئىسمايىل باللىسىنىڭ ئاغرىپ قېلىش سەۋەبىدىن نامراتلىشىپ كەتكەنىدى، ئەمما ئۇنىڭ چوڭ ئاپتوموبىل ھەيدەش كىنىشكىسى بار ئىدى. ۋاڭ بوۋبېينىڭ ياردىمىدە، قادىر 50 مىڭ يۈەن قەرز ئېلىپ، بىر يەككە ئوقلۇق ئاپتوموبىل سېتىۋېلىپ، كەنت ئاھالىلىرىگە قۇم ـ شېغىل توشۇپ بېرىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. كەنت ئاھالىسى ما شۆيى نامرات ئائىلە بولۇپ، ئىككى باللىسىنىڭ بىرى ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىغا، بىرى رايون ئىچى تولۇقسىز سىنىپىغا ئۆتكەنىدى. ۋاڭ بوۋبي ھەر ھەپتىدە دېگۈدەك ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭ ھويلا ـ ئاران ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشى، ياردەم ئۆسۈملۈك قەرز پۇلىنى ماسلاشتۇرۇشى، سىرتقا چىقىپ ئىشلەشنى ئالاقىلىشىشى، ئائىلە كىرىمىنى ئاشۇرۇشىغا ياردەم بەردى. ۋاڭ بوۋبېينىڭ ياردىمىدە ما شۆيىڭدا كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىش ئىشەنچىسى بار بولدى.

ھەر قېتىملىق مۇھىم، چوڭ بايراملاردا، ۋاڭ بوۋبي ھەر مىللەت ئاممىنى تەشكىللەپ، دۆلەت بايرىقى چىقىرىش، دۆلەت شېئىرىنى ئېيتىش، ئەدەبىيات ـ سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆرسىتىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ پارتىيەنى سۆيۈش، ۋەتەننى سۆيۈش ھېسسىياتىنى ئۇرغۇتتى.

ۋاڭ بوۋبي ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنى كۈچلۈك قىلىپ قۇرۇش، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى رولىنى چوڭقۇر چۈشىنەتتى. ئۇ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى يېتەكچى قىلىپ، «ئۈچ يىغىن، بىر دەرس»نى قېلىپلاشتۇرۇشتىن قول سېلىپ، كەنتتىكى ھەرقايسى كۈچلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، «ئۆگىنىش، ياردەم بېرىش، يېتەكلەش» رولىنى ياخشى جارى قىلدۇردى. بۈگۈنكى كۈندە، كەنت كادىرلىرىنىڭ ئىقتىدارى ئېشىپ، ئامما ئارىسىدىكى ئىناۋىتى زور دەرىجىدە ئۆستى، پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى، مەركەزگە ئىنتىلىش كۈچى، چاقىرىق كۈچى زور دەرىجىدە ئېشىپ، ئاجىز، چېچىلاڭغۇ ۋەزىيەت ئۈزۈل ـ كېسىل ئۆزگەرتىلدى.

ۋاڭ بوۋبي يەنە ئاممىۋى خىزمەت ئۇسۇلىدا يېڭىلىق يارىتىپ، «ۋەتەن مېنىڭ قەلبىمدە، دۆلەت بايرىقى ئۆيۈمدە» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. بارلىق كەنت ئاھالىلىرىنىڭ دۆلەت بايرىقى ئاستىدا دۆلەت شېئىرىنى ئېيتىشى، «ئائىلە يىغىنى»نىڭ دۆلەت بايرىقى ئاستىدا ئېچىلىشى، ھەممە ئائىلىلەرنىڭ دۆلەت بايرىقى ئېسىشى، قارابورە كەنتىدىكى بىر يارقىن مەنزىرىگە ئايلاندى، شۇنداقلا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈردى.

# پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مەكىت ناھىيەسى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي گىرۋىكىگە جايلاشقان، قۇملۇق كۆلىمى پۈتۈن ناھىيە ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 90%نى ئىگىلەيدىغان بولۇپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتى ئىنتايىن ئاجىز. 2012 ـ يىلىدىن باشلاپ بۇ ناھىيە تەكلىماكان قۇملۇقىدا مىليون مولۇق بوراندىن مۇداپىئەلىنىپ قۇمنى مۇقىملاشتۇرۇش ئېكولوگىيە ئورمىنى بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويغان، نۆۋەتتە، تىكىلگەن 350 مىڭ مو ئېكولوگىيە ئورمىنىنىڭ ئوتتۇرىچە تۈپتۇش نىسبىتى 90%تىن ئاشتى.

لى پېڭشىن ئېكولوگىيە ئورمىنى قۇرۇلۇشى بازىسىغا كېلىپ، كۆچەتلەرنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالىنى نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ، قۇمدىن مۇداپىئەلىنىش، قۇمنى تىزگىنلەش قۇرۇلۇشىنىڭ تېخنىكا ۋاستىلىرىنى تەپسىلىي ئىگىلىدى ھەم مۇتەخەسسىسلەر، كارخانا مەسئۇللىرى، كادىرلار، ئامما بىلەن چوڭقۇر پىكىر ئالماشتۇردى. شۇ يەردىكى كادىرلار، ئامما قىزغىن كەيپىياتتا كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىۋاتاتتى، لى پېڭشىن گۈرجەك بىلەن توپا يۆلەپ، كۆپچىلىك بىلەن بىرلىكتە كۆچەت تىكتى.

لى پېڭشىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: شى جىنپىڭنىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ئىدىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشى سىياسىي مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي زىممىگە ئېلىپ، ئېكولوگىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، يېشىل تەرەققىياتتا چىڭ تۇرۇپ، تۇپراقنىڭ قۇملىشىشى، چۆللىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئېكولوگىيە بىخەتەرلىك توسۇقىنى كۈچەپ بەرپا قىلىش كېرەك. ئىلمىي قانۇنىيەت ۋە تەبىئەت قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىپ، سۇغا قاراپ شەھەرنى بېكىتىش، سۇغا قاراپ يەرنى بېكىتىش، سۇغا قاراپ ئادەمنى بېكىتىش، سۇغا قاراپ مەھسۇلاتنى بېكىتىشتە چىڭ تۇرۇپ، مەۋقەنى پۈتۈن ۋەزىيەتكە قويۇپ، يەكەن دەرياسى ئېقىن رايونىنىڭ پۈتكۈل ئېكولوگىيە سىستېمىسىنىڭ ساغلام تەرەققىياتىنى كۆزلەپ، سۈنئىي ئورمان بىنا قىلىش بىلەن تەبىئىي يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر تۇتاش ياخشى پىلانلاپ، ئېكولوگىيەنى تۈزۈشتە ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. قۇملۇق ئېكولوگىيەسىنى تۈزەشنى تەرەققىيات ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، خاس تېرىقچىلىق، باغۋەنچىلىك، پىششىقلاش ۋە ئېكولوگىيە ساياھىتى قاتارلىق تىرەك كەسىپلەرنى ئۈزلۈكسىز زورايتىپ، تىرىشىپ چۆللىشىش، قۇملىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش، قۇملۇق كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى ماس ئالغا سىلجىتىشنىڭ يېڭى يولى ئۈستىدە تىرىشىپ ئىزدىنىش كېرەك. مالىيە، پۇل مۇئامىلە قاتارلىق سىياسەتلەرنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تۈرلۈك بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىشىنى قوللاپ، ئىلھاملاندۇرۇپ، كۆپ سۇبيېكتلىق، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ شەكىللىك قۇمدىن مۇداپىئەلىنىش، قۇمنى تىزگىنلەش ۋەزىيىتى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

لى پېڭشىن يەنە قەشقەر داشۆسىگە كېلىپ، بۇ مەكتەپنىڭ ھاياتلىق ۋە جۇغراپىيە ئىلمى شۆيۈەنى ۋە سەنئەت شۆيۈەنىگە كىرىپ، كادىرلار، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار بىلەن چوڭقۇر پىكىر ئالماشتۇردى، مەكتەپنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى، ئوقۇتۇش، پەن تەتقىقات ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلىدى.

لى پېڭشىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى ئەستايىدىل پۇختا تۇتۇش، ياخشى تۇتۇش كېرەك. «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئومۇمىي يىغىننىڭ مول ماھىيەتلىك مەزمۇنى ۋە يادرولۇق مۇھىم مەزمۇننى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشكە كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك. ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى دەرسلىككە كىرگۈزۈش، دەرسخانىغا كىرگۈزۈش، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ كاللىسىغا كىرگۈزۈشكە تۈرتكە بولۇپ، تۈزۈم ئىشەنچى تەربىيەسىنى ئوقۇش ـ ئوقۇتۇشنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، تۈزۈم ئىشەنچى ئۇرۇقىنى ياش ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەلبىگە چېچىش كېرەك.

لى پېڭشىن مۇنداق تەكىتلىدى: قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيەنىڭ مائارىپ خىزمىتىگە بولغان ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، قەتئىي تەۋرەنمەي سوتسىيالىستىك مەكتەپ باشقۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي يۇقىرى سەۋىيەلىك ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، قەتئىي تەۋرەنمەي ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، قەتئىي تەۋرەنمەي ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەتراپلىق يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تىرىشىپ خەلق رازى بولىدىغان داشۆ بەرپا قىلىش كېرەك.

# شىنجاڭ پۇقراۋى كىچىك، ئۇششاق كارخانىلىرىنىڭ قەرز پۇل مىقدارى ئاشتى، دائىرىسى كېڭەيدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئوخشاش مەزگىلدىكى تۈرلۈك قەرز پۇل ۋە تۈرلۈك كارخانا قەرز پۇلىنىڭ ئېشىش سۈرئىتىدىن 7.5 ۋە 7.6 پىرسەنت پوئېنت يۇقىرى بولغان؛ ئومۇمىي مەنپەئەتدار كىچىك، ئۇششاق قەرز پۇل قالدۇق سوممىسى 80 مىليارد 940 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 38% ئاشقان؛ خۇسۇسىيلار پاي كونترول كارخانىلىرىنىڭ قەرز پۇل قالدۇق سوممىسى 369 مىليارد 160 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 15% ئاشقان.

كىرېدىت قوللىغان كىچىك، ئۇششاق، خۇسۇسىيلار پاي كونترول كارخانىلىرىنىڭ سانى زور مىقداردا كۆپەيگەن. 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر، قەرز ئالغان كىچىك، ئۇششاق كارخانىلار 31 مىڭ 200گە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 38.6% ئاشقان؛ ئومۇمىي مەنپەئەتدار كىچىك، ئۇششاق قەرز پۇل ئالغۇچىلار 124 مىڭ 800گە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 22.7% ئاشقان؛ قەرز ئالغان خۇسۇسىيلار پاي كونترول كارخانىلىرى 32 مىڭ 800گە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 36.8% ئاشقان.

يۇقىرى تېخنىكىلىق مۇلازىمەت كەسپىنىڭ كىرېدىتىدا تېز ئېشىش ساقلىنىپ، ئىجارە، سودا ئىشلىرى مۇلازىمەت كەسپى ھەم ئۇل ئەسلىھە كەسپى قەرز بېرىشنىڭ ئاساسلىق نىشانى بولغان. 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر، پەن تەتقىقات ۋە تېخنىكا مۇلازىمەت كەسپى، ئۇچۇر يەتكۈزۈش يۇمشاق دېتالى ۋە ئۇچۇر تېخنىكىسى مۇلازىمەت كەسپىدىكى كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنىڭ قەرز پۇلىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ئايرىم ـ ئايرىم 143.8%، 100.1% بولۇپ، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنىڭ قەرز پۇلىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ئەڭ تېز ئىككى كەسىپ بولۇپ قالغان. ئىجارە ۋە سودا ئىشلىرى مۇلازىمەت كەسپى، سۇچىلىق مۇھىتى ۋە ئاممىۋى ئەسلىھە باشقۇرۇش كەسپى، قاتناش ـ ترانسپورت، ئىسكىلاتتا ساقلاش ۋە پوچتا كەسپىدىكى كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنىڭ قەرز پۇلى كىچىك، ئۇششاق كارخانىلار قەرز پۇلىدا ئەڭ كۆپ ئاشقان ئۈچ كەسىپكە ئايلىنىپ، يېڭىدىن ئاشقان قەرز پۇل يىغىندىسى كىچىك، ئۇششاق كارخانىلار قەرز پۇلىنىڭ ئېشىش مىقدارىنىڭ 67.9%نى ئىگىلىگەن.